# 3 - قېتىملىق مەركىزىي شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
# تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

## كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار ئاممىغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇنىڭدىن سىرت، خىزمەت ئەترىتى يەنە ئۇنىڭ باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا مەدەت بەردى. «سىياسەت بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كەتتى، مەن غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ، كۈنلىرىمنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزىمەن» دېدى چېن پېيجۈن تولۇق ئىشەنچ بىلەن.

قوش بايرام مەزگىلىدە، قاراماي شەھىرى ئورقۇ رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىنىڭ بۇ رايوننىڭ ليۇشۇجېيى كوچىسى ليۇيۈەن مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ئىشنى ئاممىغا كۆيۈنۈش، مۇلازىمەت قىلىشتىن باشلاپ، يۈرۈشلۈك «قەلبلەرنى ئىللىتىش قۇرۇلۇش»لىرىنى قانات يايدۇردى. ئۇلار تەۋەلىكىدىكى 56 ئائىلىلىك قارىغۇچىسى يوق ياشانغانلار، ئالاھىدە كىشىلەر تۈپى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر قاتارلىقلارغا بايراملىق كاتتا سوۋغات يەتكۈزۈپ بەردى ھەم ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى «ئاچقۇچلۇق كىچىك ئىش»لىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. مەھەللە ئاھالىسى يې شۇخۇانىڭ پەرزەنتلىرى خىزمەت سەۋەبىدىن ئۆيىگە قايتىپ ئۇنىڭ بىلەن بايرام ئۆتكۈزۈشكە ئامالسىز ئىدى. خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە مەھەللىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى تەۋەلىكتىكى پىشۇرۇق دۇكىنىدىكى ئۇستام بىلەن بالدۇر ئالاقىلىشىپ، يې شۇخۇا قاتارلىق يالغۇز تۇرىدىغان ياشانغانلارنى بىرلىكتە پىشۇرۇق دۇكىنىدا يۆبىڭ پىشۇرۇشقا تەشكىللىدى. كۆپچىلىك ئىش تەقسىملىۋېلىپ ھەمكارلىشىپ، «قېرىنداشلىق مېھرى» ئاقما لىنىيەسىنى شەكىللەندۈردى، «مۇھەببەت ۋە ھەمراھ بولۇش» مۇجەسسەملەنگەن يۆبىڭلار دۇخوپكىدىن يېڭى پىشىپ چىققاندا، ياشانغانلارنىڭ چىرايىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك بۇ قېتىم دۆلەت بايرىمىدا خۇددى چاغاننى بالدۇر ئۆتكۈزگەندەك بولدۇق، دېيىشتى.

«خىزمەت ئەترىتىنىڭ پاختا تېرىشىمغا ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت، ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن دىيەنزەن قىلىمەن» دېدى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ماناس ناھىيەسى لەنجوۋۋەن بازىرى شىياچياۋزى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى يې دېچىڭ.

يې دېچىڭ بۇ يىل 1000 مو يەرگە كېۋەز تېرىغانىدى. يېقىندا، ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى، ئائىلىسىدە پەقەت خوتۇنىلا قالغاچقا، پاختا تېرىش مەزگىلى يېتىپ كېلىشى بىلەن يې دېچىڭ ئىنتايىن جىددىيلەشتى. ماناس ناھىيەلىك باج ئىدارىسىنىڭ بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ئەترەت باشلىقى لۇ يەنجۇڭ زىيارەت قىلىش داۋامىدا بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى باشلاپ قوشنا كەنتتىن ئىككى پاختا تېرىش ماشىنىسى ۋە توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارنى ئۇقۇشۇپ كېلىپ، يې دېچىڭ ۋە باشقا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پاختا تېرىشىغا ياردەم بەردى. ھازىر، يې دېچىڭ ئائىلىسىنىڭ پاختىلىرىنىڭ ھەممىسى تېرىپ بولۇندى ھەم چىگىت ئايرىش زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بىز 3 - قېتىملىق مەركىزىي شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، مەۋقەنى كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق ئاساسىي پۇختىلاشقا قويۇپ، كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەقلىي كۈچ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى ھەر تەرەپلىمە كېڭەيتىپ، خەلق قەلبىنى تۇتاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇمىيۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننىڭ تاماملىنىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كۈچلەرنى بىرىكتۈرۈپ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايون ھەم بىڭتۇەن بىلەن قەلبداش بولۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى، پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: ئۇزاقتىن بۇيان، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدە تەدبىرلەر كۈچلۈك، نەتىجە - ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە بىڭتۇەن 3 - شىسىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. 3 - قېتىملىق مەركىزىي شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىرىنچى ۋاقىتتا شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىقنى نامايان قىلدى. بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركىزىي شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي، كەسكىن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، گۇاڭدۇڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا بېكىتىلگەن شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرلىرى ۋە قىلىنغان تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرمىلارنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى زور ئىشنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە ئۆزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.

پېڭ جياروۋي مۇنداق دېدى: بىز بۇ قېتىمقى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغانلىقىنى پۇرسەت بىلىپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بىڭتۇەن تۆھپىسىنى قوشىمىز.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەر ۋىلايىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، نامرات ئاممىنى زىيارەت قىلدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى ھەم گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىق خادىملارنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ رەھبىرى لى خۇيجۈن، ئاپتونوم رايون ھەم بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن جاۋۇللا ھېسامىدىن، ياۋ شىنمىن يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ مىڭشەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

مەخسۇس كۈرەش قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ بۇ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى تارماقلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «بىر، ئون، يۈز، مىڭ، ئون مىڭ» ھەرىكەت نىشانى بويىچە، دىققەتنى «ئالتىنى تۈگىتىش» ھەرىكەت ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەخسۇس كۈرەشنى تاماملاش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، مۇتلەق ئۈستۈنلۈك ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، مۇھىم، زور باسقۇچلۇق ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەملىكەتلىك قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە قانات يايدۇرغان ئاممىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىراتىنى تەكشۈرۈشتە، ئاممىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش خىزمىتىدىن ئومۇمىي جەھەتتىن رازى بولۇش دەرىجىسى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئېتىراپ قىلىش دەرىجىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر بويىچە 1 -، 2 - ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، كۆپ تۈرلۈك كونكرېت كۆرسەتكۈچلەردە رازى بولۇش دەرىجىسى بىردەك مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرغان.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 - قېتىملىق مەركىزىي شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنى تاماملاش جېڭىنى ياخشى قىلىش، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنى دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم ۋەزىپە ۋە تۇتقا قىلىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، سىجىل كۈچەپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق مەخسۇس كۈرەشتە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر مەخسۇس كۈرەش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كىردى، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى باسقۇچلۇق نەتىجە - ئۈنۈمنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق ئىگىلەپ، يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ، مەخسۇس كۈرەشنىڭ تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەخسۇس كۈرەشنى تاماملاش جېڭىنى ياخشى قىلىشتىكى سىياسىي ئىرادىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇنچىللىق قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەربىر دېلونىڭ قانۇن ۋە تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، «بىر، ئون، يۈز، مىڭ، ئون مىڭ» ھەرىكەت نىشانىنى تۇتقا قىلىپ، ئىرادىنى ئۆزگەرتمەي، ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتمەي، سالماقنى كېمەيتمەي، «ئالتىنى تۈگىتىش» ھەرىكىتىدە تېخىمۇ قاتتىق ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قانۇن بويىچە چوڭقۇر زەربە بېرىپ، ئۈزۈل - كېسىل زەربە بېرىپ، رەزىللىكنى تولۇق تۈگىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: مەخسۇس كۈرەش دائىملىشىش ھالىتىگە ئۆتىدۇ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇشنى پىلانلاپ، مەخسۇس كۈرەشنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «ئورنىتىش، ئورنىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش» تەلىپى بويىچە، «ئالتىنى ئورنىتىش» خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، زەربە بېرىش، تۈزەش، باشقۇرۇشتىكى دائىملاشقان قاتتىق جازالاش، تۈزەش، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش، ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىرىش، پاش قىلىش - بىر تەرەپ قىلىش ۋە باھالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئۈنۈم تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەخسۇس كۈرەشتە ئۇزاق ئۈنۈملۈك بولۇش، دائىملىق تۈزەشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا، ئالتە مۇناسىۋەتلىك ئورۇن پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەرگىچە ئېچىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

2 مىليارد 587 مىليون يۈەن، 984 مىليون يۈەن، 446 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم 46.07%، 103.38%، 604% ۋە 194.78% ئاشتى.

ئۈنۈبرسال باجدىن خالىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن «ئۈنۈبرسال باجدىن خالىي رايونلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىلىشى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى، ئۈرۈمچى تاموژنىسىمۇ ئۈنۈبرسال باجدىن خالىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان سەككىز تۈرلۈك تەدبىرنى يولغا قويۇپ، ئۈنۈبرسال باجدىن خالىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك سىياسەت مەدەتتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئىگىلىنىشچە، ئۈرۈمچى تاموژنىسى تاموژنا ئالاھىدە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش رايونىدا «تۈركۈم بويىچە كىرگۈزۈش - چىقىرىش، مەركەزلىك مەلۇم قىلىش»، «بىر قېتىم ئەنگە ئالدۇرۇپ، كۆپ قېتىم ئىشلىتىش» قاتارلىق ئون تۈرلۈك ئەركىن سودا رايونىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش تۈزۈمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆپەيتىپ، كېڭەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ماددىي ئەشيالارنى تېز سۈرئەتتە رايوندىن چىقىرىشى - كىرگۈزۈشىگە يەنىمۇ قولايلىق ياراتقان.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇ ئۆچمەس ئىللىق ئەسلىمە — دادا ئوغۇلنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش سەپىرىگە ئۇزىتىپ قويىدى، ئانا بالىسىغا ئۆزىنىڭ «غەلىتە مەخلۇقنى يوقىتىش»قا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى، يىگىت لايىقىغا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە قاتنىشىپ قايتىپ كېلىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە ۋەدە بەردى، پىدائىيلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە يىراقتىن قاراپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا قول پۇلاڭلاتتى...

«چوڭ ئائىلە»نى دەپ «كىچىك ئائىلە»دىن كېچەلەيدىغان بۇ كىشىلەر ھەرىكىتى ۋە ئىسسىق قېنى ئارقىلىق شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەڭ رومانتىك بولغىنى گۈللۈكتىكى ئاي سەيلىسى بولماستىن، بەلكى ئائىلە دۆلەتنى قەلبىگە پۈككۈشتۇر؛ ئەڭ تەسىرلىك بولغىنى قىزغىن مۇھەببەتلىشىش بولماستىن، بەلكى دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلاشتۇر.

بۇ ئائىلە دۆلەت بىر نىيەتتە بولغان دەقىقىلەر ۋە تەپسىلاتلار دۇنيادىكى ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق، ئەڭ ئۇزاق داۋاملىشىدىغان ھېسسىياتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇ يىلقى «قوش بايرام بىرلەشكەن» جۇڭچيۇ، دۆلەت بايرىمىنى ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە قىلىپ، ھەربىر ئادەمگە «كىچىك ئائىلە» بىلەن «چوڭ دۆلەت»نىڭ قەلبداش ئىكەنلىكىنى، زىچ باغلانغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

ئائىلە ئەڭ كىچىك دۆلەت، دۆلەتتە مىليونلىغان ئائىلە بولىدۇ. مەيلى دەۋر قانداق ئۆزگەرسۇن، دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشتە ھەركىمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار دەيدىغان قورقماس مەسئۇلىيەتچانلىق ئەزەلدىن ئۆزگەرگىنى يوق؛ دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشىگە نەزەر سالساق، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان ئاددىي - ساددا ھېسسىياتى ئەزەلدىن ئۆزگەرگىنى يوق. بۇ مەردانە ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى خۇددى ئۆزلۈمەي ئېقىۋاتقان دەرياغا ئوخشاش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قېنىدا مەڭگۈ ئېقىپ، تارىختىن ئىبارەت غايەت زور پاراخوتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ...

ھەربىر بۇژغۇن ئاخىر دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ.

ھەربىر تامچە سۇغا ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان كۈچ يوشۇرۇنغان.

ھەربىر «كىچىك ئائىلە» خاتىرجەم، ئىناق ئۆتۈپ، قول تۇتۇشۇپ كۈرەش قىلىپ، شەخسنىڭ قىممىتىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنى دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلىغاندىلا، جۇڭخۇا مىللىتى «چوڭ ئائىلە»سىنىڭ گۈللىنىش تارىخىي ئېقىنىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

بۇ دەل ئەڭ چوڭقۇر ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى.

---

## مەملىكەتلىك قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ۋۇيۇسكا ئېلىپ بىجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلغان دېلولار توغرىسىدا 5 - قېتىم ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى

### ئاپتونوم رايونىمىز قومۇل شەھىرىدىكى جۇ شيۇجۈننىڭ قارا جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان تەشكىلات دېلوسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، مەملىكەتلىك قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ۋۇيۇسكا ئېلىپ بىجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلغان دېلولار توغرىسىدا 5 - قېتىم ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونىمىز تارماق يىغىن مەيدانىدا سىنىلىق تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق قومۇل شەھىرىدىكى جۇ شيۇجۈننىڭ قارا جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان تەشكىلات دېلوسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.

جۇ شيۇجۈننىڭ قارا جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان تەشكىلات دېلوسى مەملىكەتلىك قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ۋۇيۇسكا ئېلىپ بىجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلغان قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق 100 ئېغىر، زور دېلونىڭ بىرى. 2020 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، قومۇل شەھىرى ئىۋىرغول رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى 1 - سوتتا جۇ شيۇجۈننىڭ قارا جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان تەشكىلاتنى تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرىگە سوت ئېچىپ، ئۇنىڭغا مۇددەتلىك 25 يىللىق قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن بەش يىل مەھرۇم قىلىش ھەم شەخسىي مال - مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىش ھۆكۈمى چىقاردى، بۇ دېلودىكى باشقا 17 جاۋابكارغا ئايرىم - ئايرىم 14 يىلدىن 20 يىلغىچە ئوخشاش بولمىغان مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىش ھۆكۈمى چىقاردى.

ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلدى: جۇ شيۇجۈن دېلوسىنى بىجىرىش جەريانىدا، قومۇل شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسىي - قانۇن كومىتېتى، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى، باج ئىشلىرى قاتارلىق 19 تارماقنىڭ كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مەخسۇس خىزمەت بەنى قۇرۇپ، جۇ شيۇجۈن ۋە ئۇنىڭ تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ دېلوغا چېتىشلىق 180 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مۈلكىنى پېچەتلىدى، تۇتۇپ قالدى، توڭلاتتى. دېلوغا چېتىشلىق مۈلۈكنىڭ قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈپ، 16 مىليون 580 مىڭ يۈەن قانۇنلۇق مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بەردى، جۇ شيۇجۈننىڭ قارا جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان تەشكىلاتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلدى.

دېلودا ئاشكارىلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، يەرلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت كەسىپتىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈزەشنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇپ، ئاز سومملۇق قەرز پۇل تارقىتىدىغان شىركەت قاتارلىق پۇل مۇئامىلە كەسىپلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەپ، قانۇنسىز، يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېرىش ۋە زورلۇق بىلەن قەرز سۈيلەشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرگە زەربە بەردى، تور قۇرۇلۇشىغا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش، قۇرۇلۇش سۈپىتى قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلارنى پۈتۈن جەريانلىق نازارەت قىلدى، باشقۇردى؛ ئاممىنى كەسىپ، ساھەلەردىكى مەسىلە يىپ ئۇچىنى پاش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنىڭ خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ پەيدا بولۇش بوشلۇقىنى يوقاتتى؛ كەسىپ، تارماقلارنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، يوچۇقلارنى ئېتىشكە تۈرتكە بولۇپ، مەخسۇس تۈزەش لايىھەسىنى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك، دائىملىق تۈزەشنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ، 10 مىڭ مولۇق شال ئېتىزى ئۆلگە بازىسى بەرپا قىلىشقا ئىشلىتىلدى. ئۆلگە بازىسى يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق تەلىپى بويىچە بىرتۇتاش قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى.

«بۇ شاللىقنىڭ كۆلىمى 1000 مودىن ئاشىدۇ، مەركەزلىك تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تېرىلغۇ كۆلىمى ئاز دېگەندىمۇ 10% ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ھەر مو شاللىقنىڭ ئورۇش ھەققىنى ئاز دېگەندىمۇ بەش يۈەندىن ئون يۈەنگىچە تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ» دېدى بۇ ناھىيەدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى شۈ يۈن.

شىنجاڭ خېۋاڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى ئۆلگە بازىسىنىڭ 1200 مو يېرىنى ھاۋالىلىك باشقۇرۇپ، ئاقىل يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 2019 - يىلى، بۇ شىركەت ياڭجوۋ داشۆ بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىۋاسىتە يول باشلاش توققۇز ئىش تەرتىپى بويىچە بىرىكمە مەشغۇلات قىلىنىدىغان قۇرغاق يەرگە بىۋاسىتە شال تېرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزدى، بۇ تېخنىكا تېرىقچىلىق تەننەرخىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى، بۇنىڭ بىلەن ھەر مو يەردىكى مايسا تىكىش تەننەرخى 200 يۈەن ئەتراپىدا تۆۋەنلىدى، مو بېشى ھوسۇلى 50 كىلوگرامدىن 100 كىلوگرامغىچە ئاشتى.

«بۇ يىل بىز يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى قۇرۇپ، شال ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەشغۇلات سەۋىيەسىنى تېز ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالدۇق» دېدى بۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لو جىنيۇ.

### سۈپەتلىك ماركا يارىتىپ بازار ئاچتى

شىنجاڭ جياڭلياڭ خېڭفېڭ ئاشلىق، ياغ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ كۆرگەزمە زالىغا تۆت خىل سورت، 60 نەچچە يەككە تۈردىكى گۈرۈچ يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتى تىزىلغانىدى.

«2018 - يىلى شىركەت تېخنىكا ئۆزگەرتتى، پىششىقلاپ ئىشلىگەن گۈرۈچنىڭ ئۈۋۈقى تېخىمۇ ئاز بولدى، گۈرۈچ تېخىمۇ پاكىز، تېخىمۇ پارقىراق بولدى» دېدى شىنجاڭ جياڭلياڭ خېڭفېڭ ئاشلىق، ياغ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جۇ شياۋجۈن.

بۇ كارخانا ئىشلەپچىقارغان گۈرۈچ پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلىنىپلا قالماي، ئىچكىرى رايونلاردىمۇ نۇرغۇن بايراقدار دۇكانلار بار بولۇپ، ھەر يىلى 50 مىڭ توننا شالنى تولۇق سېتىۋېلىپ، سېتىش سوممىسى 200 مىليون يۈەنگە يەتكۈزەلەيدۇ.

گۈرۈچ سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ داڭقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، چاپچال بىرىكمە مۇشت ئېتىپ، «چاپچال گۈرۈچى»دىن ئىبارەت جۇغراپىيەلىك بەلگىنى تاۋار ماركىسى قىلىپ رويخەتكە ئالدۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك كىرىش بوسۇغىسى تەسىس قىلدى، پەقەت ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەھسۇلاتلارلا بۇ تاۋار ماركىسىنى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى ئورنىتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ «يېمەك - ئىچمەك بىخەتەرلىكى»گە كاپالەتلىك قىلدى. كارخانىلار ئىختىيار قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا شال ئىشلەپچىقىرىدىغان بەش كارخانىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى، بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئىلگىرىكى يىللاردىكى 50 مىڭ توننىغا يەتمەسلىكتىن بۇ يىلقى 100 مىڭ توننىغا تەرەققىي قىلدى. چاپچال گۈرۈچ كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇش، ماركىسى قالايمىقان بولۇش، ھەتتا يامان خاراكتېرلىك رىقابەتلىشىش ئەھۋالى كەلمەسكە كەتتى.

ئورگانىك ماركا يارىتىش، شاللىق قىسقۇچپاقىسى بېقىش ئەندىزىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ شۇ جاينىڭ سۈپەتلىك ماركا ئوبرازىنى تىكلەشتىكى كۈچلۈك تەدبىرى بولدى. بۇ يىل چاپچالدا 150 مىڭ مو يەرگە شال تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 5000 مودىن كۆپرەكى ئورگانىك شاللىق بولۇپ، 30 توننىدىن ئارتۇق قىسقۇچپاقا بېقىلدى.

«ھازىر بازار چاپچال گۈرۈچىنى بارغانسېرى ئېتىراپ قىلىۋاتىدۇ، چاپچالنىڭ شاللىق قىسقۇچپاقىسىمۇ بارغانسېرى ئالقىشقا ئېرىشىۋاتىدۇ، مەن باققان بىر توننا شاللىق قىسقۇچپاقىسىنىڭ ھەر كىلوگرامىنى 100 يۈەندىن ساتالايمەن» دېدى كان يېزىسى كۆلتەكچى كەنتىنىڭ ئاھالىسى خەن جۈنچياڭ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئومۇمىي مۇساپىسى 5293 كىلومېتىرغا يېتىپ، بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويدى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 105 ناھىيە، شەھەر، رايوننىڭ 78ىگە يۇقىرى سۈرئەتلىك (1 - دەرىجىلىك) يول، 103ىگە 2 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول تۇتاشتۇرۇلدى.

شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشى يىلدىن - يىلغا تېزلىتىلدى، ئەڭ دەسلەپكى تۈز سىزىق شەكلىدىكى تۆمۈريولدىن ئاچا شەكىللىك تۆمۈريولغا تەرەققىي قىلدى، ئاندىن يەنە بۈگۈنكى كۈندىكى لەنجوۋ - شىنجاڭ لىنىيەسى، جەنۇبىي شىنجاڭ لىنىيەسى، ئۈرۈمچى - جۇڭغار لىنىيەسى، جىڭ - غۇلجا - قورغاس لىنىيەسى، لەنجوۋ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ تاغ، ئىككى ئويمانلىقنى كېسىپ ئۆتىدىغان بېيىك يول تورى ئورۇنلاشتۇرمىسىغا تەرەققىي قىلدى. بۇلتۇر، قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولى، بورتالا ئوبلاستى تارماق لىنىيە تۆمۈريولى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول تىجارەت تىرانسپورت مۇساپىسى 2016 - يىلدىكى 5869 كىلومېتىردىن، 2019 - يىلدىكى 6541.3 كىلومېتىرغا ئۇزارتىلدى.

«شىنجاڭنىڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىپ چىقىشنى تېزلىتىش»نى نىشانلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئايرودۇرۇملارنىڭ سانى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتىلدى. 2016 - يىلى، شىنجاڭدا 18 ئايرودۇرۇم بار بولۇپ، 235 ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئېچىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى 68 شەھەر بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ئايروپىلان قاتنىغان. 2019 - يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى ئايرودۇرۇملارنىڭ سانى 21گە كۆپىيىپ، ئېچىلغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى 264كە يېتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى 84 شەھەر بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ئايروپىلان قاتنىدى، «شىنجاڭ ئىچىدە تورلاشقان، شەرق بىلەن غەربكە يەلپۈگۈچسىمان يېيىلغان» ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئورۇنلاشتۇرمىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، تېز، قولاي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ھاۋا قاتنىشى تورى تېز شەكىللەندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)